# ئۇلۇغ غەلىبىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۇلۇغ ئىشنى ئالغا سىلجىتايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالغا ئىلگىرىلەش يولى ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ.» جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: بىز ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ جاپالىق مۇساپىسى ۋە ئۇلۇغ غەلىبىسىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولۇپ، قىيىنچىلىققا پىسەنت قىلماي ئىلگىرىلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك.

ھەققانىيەت قوشۇنى ئارقىلىق ھەققانىي ھەرىكەت قىلىش. 70 يىل ئىلگىرى، قەھرىمان جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى تىنچلىقنى قوغداش، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ھەققانىيەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چاۋشيەن خەلقى ۋە ئارمىيەسى بىلەن بىرلىكتە پىداكارلىق كۆرسىتىپ، قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ئۇرۇش ئارقىلىق، جۇڭگو خەلقى تاجاۋۇزچىلارنىڭ دۆلەت دەرۋازىمىز ئالدىغا ئەسكىرىي كۈچ ئورۇنلاشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق يېڭى جۇڭگونى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش سۇيىقەستىنى تارمار قىلىپ، يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى باشقىلار خالىغانچە تالان ـ تاراج قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش كۆرىدىغان 100 يىللىق ئار ـ نومۇسنى ئۆزۈل ـ كېسىل تۈگىتىپ، يېڭى جۇڭگونىڭ ئاسىيا ۋە خەلقئارا ئىشلاردىكى مۇھىم ئورنىغا ئاساس سالدى، خەلق ئارمىيەسى ئۇرۇش داۋامىدا ئۇرۇش قىلىشنى ئۆگىنىپ، مۇھىم ھەربىي ئىشلار تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇپ، يەككە ئارمىيە تۈردىن كۆپ خىل ئارمىيە تۈرى بىرىككەن ئارمىيەگە ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ ئۇرۇش پولاتتەك پاكىتلار ئارقىلىق كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ھەرقانداق بىر دۆلەت، ھەرقانداق بىر قوشۇن، مەيلى قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر دۇنيا تەرەققىيات ئېقىمىنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇپ، كۈچىگە تايىنىپ ئاجىزلارنى بوزەك قىلسا، كەينىگە دەسسەپ تەتۈر ئىش كۆرسە، تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك قىلسا، مۇقەررەر ھالدا يۈز ـ كۆزى قانغا بويۇلىدۇ. «ئىلگىرىكى ئىشلاردىن ئۆرنەك ئالغاندىلا، كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى بىلگىلى بولىدۇ.»

ئۇلۇغ غەلىبىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۇلۇغ ئىشنى ئالغا سىلجىتىشتا، جەزمەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك، كۈچلۈك قىلىپ تاۋلاش شەرت؛ جەزمەن خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەممىدە خەلقنى كۆزلەش، ھەممىدە خەلققە تايىنىش شەرت؛ جەزمەن ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش شەرت؛ جەزمەن دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، خەلق ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىش شەرت؛ جەزمەن دۇنيا تىنچلىقى ۋە ھەققانىيلىقنى قوغداپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش شەرت. باش شۇجى شى جىنپىڭ يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىغان بۇ «بەش شەرت» ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ بىزگە بەرگەن چوڭقۇر تارىخىي ئىلھامى بولۇپ، يېڭى دەۋر، يېڭى مۇساپىدە توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتە مۇھىم، زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى شۇنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، ھېچقانداق بىر سىياسىي كۈچ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئوخشاش مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن قان تۆكۈپ قۇربان بېرىشتىن باش تارتماي، بوشاشماي تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، مىليونلىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز غەلىبىگە يۈرۈش قىلالىغان ئەمەس. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا، بىز پەقەت ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك كۈچى، ئىدىيەۋى يېتەكلەش كۈچى، ئاممىنى تەشكىللەش كۈچى، جەمئىيەتكە قارىتا چاقىرىق كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتسەكلا، چوقۇم پارتىيەنى باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ كۈچلۈك يۆلەنچۈكىگە ئايلاندۇرالايمىز. بىز پەقەت باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ مەيدانىدا، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرسىلا، چوقۇم ھەممىدە غەلىبە قىلماي قويمايدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى قوزغىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ ئېسىل سەھىپىسىنى ئۈزلۈكسىز يېزالايمىز. «ئارقىدا قالساق باشقىلار بوزەك قىلىدۇ، تەرەققىي قىلغاندىلا ئاندىن ئۆزىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزالايمىز.» ھازىر، دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى، يېڭى پۇرسەت، يېڭى خىرىس ئالدىدا، بىز پەقەت «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلساقلا، چوقۇم تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان تېخىمۇ زور مۆجىزىلەرنى ئۈزلۈكسىز يارىتالايمىز. بىر قۇدرەتلىك ئارمىيە بولمىسا، قۇدرەتلىك ۋەتەننىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بىز پەقەت دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىغا قاراپ مەردانە قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىسەكلا، چوقۇم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىستراتېگىيەلىك تىرەككە ئىگە قىلالايمىز. جۇڭخۇا مىللىتى ئەزەلدىن «قوشنىلار بىلەن يېقىن ئۆتۈش» ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ كەلدى، پەقەت تىنچ تەرەققىيات يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولساقلا، چوقۇم ئىنسانىيەت تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى كۈتۈۋالالايمىز.

ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى پۇرسەت ۋە خىرىس ئالدىدا، بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىپ، كۈرەش قىلىش روھىمىزنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كۈرەش قىلىش ماھارىتىمىزنى كۈچەيتىپ، بارلىق جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلايلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەيمەن.

شىنجاڭ باج ئىدارىسىنىڭ كادىرى لى ياڭنىڭ مۇنداق دېدى: «بىر پارتىيە ئەزاسى، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش روھىنىڭ چاقىرىقى ۋە ئىلھامىدا، تىرىشىپ باج خىزمىتىدە كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق باج ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن».

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ كۇچا شەھىرىنىڭ ئالاقاغا بازىرى باغۋەن كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى لى جۈن مۇنداق دېدى: «بىز چوقۇم ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى بارغانسېرى ياخشىلايمىز».

«مەدەنىيەت خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئىسسىق قېنى ئارقىلىق تاۋلاپ چىقىلغان ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىنى تۈرلۈك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى شەكلى ئارقىلىق خاتىرىلەپ، تارقىتىپ، ھەر بىرىمىزنىڭ ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش، خەلققە بەخت يارىتىشتىكى جۇشقۇن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرىمىز» دېدى شائىر دۆي شۆ.

شىنجاڭ سانائەت كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى شۆ يالى مۇنداق دېدى: باش شۇجى «ئۇلۇغ غەلىبىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۇلۇغ ئىشنى ئالغا سىلجىتىش»نى تەلەپ قىلىپ، بىزگە ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى. بىز ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ خەتەرلىك توسالغۇلاردىن قورقماسلىق، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش روھىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ لاياقەتلىك قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرىمىز، قىزىل ئەنئەنىنى ياخشى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قىزىل گېنغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىمىز.

**(مۇخبىر جىيا چۈنشيا، قاتناشقان مۇخبىرلار گې يۈجۈن، مېھرىگۈل ناسىر، جاڭ جىلى، لى لى، جاۋ چۈنخۇا، ئىختىيارىي مۇخبىرلار سۈن فۇچۈەن، ۋاڭ لىڭفاڭ)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈلگە رايونى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى پائال قوللاپ، مەسىلىلەرنى دەل ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت يېزا ئىگىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر ئۈلگە رايونىنى دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ بەرپا قىلىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتتە، يۇقىرى ئۈنۈمدە ئالغا سىلجىتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شەۋكەت ئىمىن 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ، «3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش» «2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان شىنجاڭ خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور نەتىجە ـ ئۈنۈمنى تولۇق تونۇش» «يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش» «نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەش» «يىغىن روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش» قاتارلىق جەھەتلەردىن لېكسىيە سۆزلىدى.

شەۋكەت ئىمىن مۇنداق تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى، ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن، قەتئىي، كەسكىن ھالدا يىغىن روھىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ يۆنىلىشى توغرا، نەتىجە ـ ئۈنۈمى مول بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

شەۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئېتىقاد بىلەن، ھېسسىيات بىلەن، بۇرچ بىلەن ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قەلبلەرگە سىڭدۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈش، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەتنى كۈچەيتىش، ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتە نامايان قىلىش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى بىر يۆنىلىشتە كۈچەپ، ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىپ، تۈرلۈك شەكىللەردىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىپ، يىغىن روھىنى ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق تەشۋىق قىلىشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، يۈزتۇرا تەشۋىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، پۇقرالارنى ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان، ئۆزلەشتۈرەلەيدىغان، ئەمەلىيلەشتۈرەلەيدىغان بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملىشى كېرەك.

شەۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئۇنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، باشتىن ـ ئاخىر ئۇنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ كۆزلەش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسى قىلىش كېرەك. شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك، بولۇپمۇ يەرلىك نىزام چىقىرىش ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىدە باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قانۇنچىللىق تىرىكى بىلەن تەمىنلەش، نازارەتچىلىك خىزمىتىدە باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مۇلازىمەت كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش، ۋەكىللەر خىزمىتىدە باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشتىكى فۇنكسىيەلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۈن، ۋاڭ يۈمىڭ، دۇڭ شىنگۋاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل لېكسىيە دوكلاتى يىغىنىغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونىدا چېن چۈەنگو يىرىك پىلان قۇرۇلۇشى، تىجارەت باشقۇرۇش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش قاتارلىق مۇھىم، زور پۇرسەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ رايون ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تىجارەت باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى سىجىل ئۆستۈرۈپ، تەسىر كۆرسىتىش، يېتەكلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئاممىۋى مۇلازىمەت چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ، سۇپا قۇرۇلۇشى، كارخانىلارغا مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: ئىدىيەدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، تىجارەت ئەندىزىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئوچۇق ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

چېن چۈەنگو تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دائىملاشقان كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پورتلاردا سەھىيە كارانتىن قىلىش، سوغۇق زەنجىرسىمان توشۇلىدىغان يېمەكلىكلەرنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ۋە ئەشيا ئوبوروتى ھالقىلىرىدا دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك. تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىڭىشىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، سانائەت ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، يېڭى كەسىپ، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش كېرەك. سىرتقا ئېچىۋېتىش قاتلىمىنى ئۆستۈرۈپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشقا تۈرتكە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى دۆلەتنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىغا كىرگۈزۈپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋاستىسىنى بېيىتىپ، ئوچۇق ئىقتىساد تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقنى ئېچىۋېتىش ۋە چېگرا بويىنى ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىش كېرەك. بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ، كارخانىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ساھە، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرگە ياردەم بېرىش، يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارغا پائال تۈردە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىپ، سىياسەت يەتكۈزۈپ، قوللاپ، ھېسسىيات بىلەن، مەسئۇلىيەت بىلەن ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى تولۇق قوزغاپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىشەنچىسى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانىلارغا مۇلازىمەت قىلىشنى قولايلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ماسلىشىشچانلىق، قاراتمىلىقنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىپ، تېخىمۇ كۆپ كارخانىلارنى شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ كەسىپنى گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قوشۇش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۈكنى يېنىكلىتىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشنى تەڭ قوللىنىپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا تۇتۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشنى كۆپ يوللار ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆ خەيرۇڭ، جاۋ چىڭ قاتارلىقلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)